شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي
18
شەنبە
维吾尔文 1 月18日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24944 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن بىلەن سۆھبەتلەشتى

ۋىن مىن ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ۋە قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى



شۇ جاي ۋاقتى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ نېپىدوۋدا بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن بىلەن سۆھبەتلەشتى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى راۋ ئەيمىن فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نېپىدوۋ، 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار مېڭ نا، خاۋ ۋېيۋېي) شۇ جاي ۋاقتى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ نېپىدوۋدا بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۈگۈن جۇڭگونىڭ دېھقانلار كالېندارى بويىچە «كىچىك يىل»، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن بىرما ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە چاغانلىق بەخت تىلەيمەن. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مېنىڭ جۇڭگو - بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، بىرمىنى يېڭى يىلدىكى تۇنجى زىيارەتتە بولىدىغان دۆلەت قىلىشىم جۇڭگو - بىرمىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىگە ھەم جۇڭگو - بىرما مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمنى نامايان قىلىدۇ. مەن بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق ئۈچ نۇقتىدىن ئۈچۈر بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن: بىرىنچى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى بىرما ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشنى قەتئىي قوللايدۇ؛ ئىككىنچى، جۇڭگو - بىرما ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە چوڭقۇر ئاساس سېلىندى، جۇڭگو - بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىش ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ھاياتىي كۈچ قوشىدۇ؛ ئۈچىنچى، جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپ بىلەن ئەمەلىي ھەمكارلىقنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى بىلەن بىرمىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

بېيجىڭدىن ئايرىلىپ بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى

شى جىنپىڭ نېپىدوۋغا يېتىپ باردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نېپىدوۋ، 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار چې خۇڭلياڭ، لو جۈن) شۇ جاي ۋاقتى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن نېپىدوۋ خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ بېرىپ، بىرما فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى باشلىدى.

شى جىنپىڭ ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان بىرما ھاۋا بوشلۇقىغا كىرگەندە، بىرمىنىڭ ئىككى ئۇرۇش ئايروپىلانى بوشلۇقتا كۈتۈۋېلىپ قوغدىدى.

شى جىنپىڭ يېتىپ بارغاندا، بىرمىنىڭ 1 - مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى مىنرۈي كۆپلىگەن ئىچكى كابىنېت مىنىستىرىنى باشلاپ ئايروپىلان شوتىسى يېنىدا قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىرمىلىق ئۆسمۈرلەر، باللار شى جىنپىڭغا گۈل تەقدىم قىلدى.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمىنى كىيگەن بىرما ياشلىرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى ئالدى. ھۆرمەت قاراۋۇللىرى قىزىل پاياندازنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. شۇ جايدىكى سەنئەتكارلار ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قويۇق مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇللارنى ئورۇنلىدى. بىرما ياش - ئۆسمۈرلىرى جۇڭگو - بىرما ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ، بىرما تىلىدا «جۇڭگو - بىرما دوستلۇقى ياشىسۇن» «شى جۇشىنىڭ تېنى سالامەت بولسۇن» دەپ تەنتەنە قىلىپ، شى جىنپىڭنى ئەڭ سەمىمىي قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى ھەم جۇڭگو - بىرما مەدەنىيەت - ساياھەت يىلىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نېپىدوۋ 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خو شياۋگۇاڭ، لى جۈنفا، لو جۈن) شۇ جاي ۋاقتى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ نېپىدوۋ 2 - خەلقئارا يىغىن مەركىزىدە جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ھەم جۇڭگو - بىرما مەدەنىيەت - ساياھەت يىلىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋڭسان سۇچى، بىرمىنىڭ 1 - مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى مىن رۈي، 2 - مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى خېنرى ۋەنتىيۇ، فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ پارلامېنت باشلىقى، قوشۇمچە خەلق پالاتاسىنىڭ پالاتا باشلىقى دى كۈنمى، مىللەتلەر پالاتاسىنىڭ پالاتا باشلىقى مەنۋىن كەيدەن، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ باش سىلىڭى مىن ئاڭلەي، بارلىق ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىن مەركىزى تىياتىرخانىسىغا جۇڭگو - بىرما قوش تىلدا «جۇڭگو - بىرما قېرىنداشلىق مېھرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جۇڭگو - بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلايلى» دەپ يېزىلغان چوڭ لوزۇنكا ئېسىلغان بولۇپ، قىزغىن، خۇشال بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شى جىنپىڭ بىرما دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋڭسان سۇچى بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نېپىدوۋ، 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خۇاڭ يىنجيازى، جېڭ شياۋيى) شۇ جاي ۋاقتى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ نېپىدوۋ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا قاتناشقاندىن كېيىن، بىرما دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋڭسان سۇچى ئالايىتەن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ، شى جىنپىڭنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى.

ئاۋڭسان سۇچى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالدى، بىرما تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارەتنى كۈتكىلى ئۇزاق بولغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جۇشىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى جۇڭگونىڭ كاتتا چاغنى يېقىنلىشىپ قالغان پەيتكە ھەم بىرما بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىگە توغرا كەلگەن بولۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شى جىنپىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ - ئامان جۇڭگو، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا سىياسىي - قانۇن خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي - قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2019 - يىلى، سىياسىي - قانۇن سېپى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى، سىياسىي - قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر چاغاندىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە توك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەكشۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بايرامنىڭ تىنچ، ئىناق ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي خەۋەر قىلىدۇ: چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش - قۇتقۇزۇش تارماق ئەترىتى، جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، توك بىلەن تەمىنلەش، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتى ۋە چاغانلىق يولۇچى توشۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

ئاقسۇ شەھىرىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئابلىكىم ئەخمەت:

تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنى يار لېۋىدىن قايتۇرۇپ كەلدى

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم ئابلىكىم ئەخمەت، بۇ يىل 32 ياشقا كىردىم، ئاقسۇ شەھىرىدىن. مەن ئىلگىرى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەن، مەن كۆپچىلىككە ھېكايەمنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن.

مەن ئىلگىرى كەنتتە ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتى ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ توردا نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشى - سېتىشىغا ياردەملىشىپ، ئازراق مۇلازىمەت ھەققى تاپاتتىم، ئىش كۆپ ۋاقىتلاردا كىرىمىم يامان ئەمەس ئىدى، كۆپچىلىك بىلەن ئوبدان چىقىشاتتىم. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى خېلى كۆڭۈللۈك ئىدى.

2012 - يىلى، مەن تاكسى ھەيدەيدىغان بىرى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ھازىر ناھايىتى پۇشايمان قىلىمەن، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇچرىمىغان بولسام،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

بىزنىڭ بايرىمىمىز . چاغانىنى خۇشال كۈتۈۋېلىش

تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا چاغانىنى تەبرىكلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆرپ - ئادەت كۆرگەزمىسى باشلاندى

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، «شىنجاڭ ياخشى جاي — 7 - نۆۋەتلىك تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا چاغانىنى تەبرىكلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆرپ - ئادەت كۆرگەزمىسى» يۈرۈشلۈك پائالىيىتى رەسمىي باشلاندى. سۈرەتتە: شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسىدىكى بەلدۇمباق ئويۇنى. ☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى جاۋ چاڭفۇ فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جيا چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: ياڭگىر ئويناش، ئەجدىھا ئويۇنى ئويناش، شىر ئۇسسۇلى ئويناش... 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ياڭگىر ۋە شادىيانە بەلدۇمباق ئويۇنىغا ئەگىشىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي — 7 - نۆۋەتلىك تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا چاغانىنى تەبرىكلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆرپ - ئادەت كۆرگەزمىسى» يۈرۈشلۈك پائالىيىتى شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازاردا باشلاندى. شۇ كۈندىن باشلاپ 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر 316 تۈرلۈك، 3095 مەيدان قېتىم يۈرۈشلۈك مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، پائالىيەتكە بىۋاسىتە قاتناشقانلار 2 مىليون ئادەم قېتىمدىن كۆپرەككە يېتىدىكەن.

شۇ كۈنى، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى چاغانىنى كۈتۈۋېلىش بازىرىدا، خەتتاتلار نەق مەيداندا قالتىس ماھارەت كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا بەخت خېتى يېزىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)